# تالاقنى ۋە يېنىشىۋېلىشنى سۈننەتكە خىلاپ ھالدا قىلىپسەن!، تالاق قىلغاندىمۇ، يېنىشىۋالغاندىمۇ گۇۋاھلاتقىن!، بۇ ئىشنى قايتا قىلمىغىن

ئىمران ئىبنى ھۆسەيىندىن: ئايالىنى تالاق قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغان، تالاق قىلغاندىمۇ، يېنىشىۋالغاندىمۇ گۇۋاھلاتمىغان كىشىنىڭ ھۆكمى ھەققىدە سورالغان ئىدى، ئىمران ئىبنى ھۆسەين: «سۈننەتكە خىلاپ تالاق قىلىپ، سۈننەتكە خىلاپ يىنىشىۋاپسەن!، تالاق قىلغاندىمۇ، يېنىشىۋالغاندىمۇ گۇۋاھلاتقىن ۋە بۇ ئىشنى قايتا قىلمىغىن!» دەپ جاۋاب بەردى

سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ئىبنى ماجە"سۈنەن ئىبنى ماجە"ناملىق ئەسرىدە رىۋايەت قىلغان -] [ئەبۇ داۋۇد"سۈنەن ئەبۇ داۋۇد"ناملىق ئەسرىدە رىۋايەت قىلغان

بۇ ھەدىستە ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن: ئايالىنى تالاق قىلىۋەتكەن، ئاندىن يېنىشىۋېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغان، تالاق قىلغانلىقىغا ۋە يىنىشىۋالغانلىقىغا گۇۋاھلاتمىغان كىشى توغرۇلۇق پەتىۋا سورالغان ئىدى، ئىمران رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ «تالاق قىلغۇچى باشتا گۇۋاھلاتماي تالاق قىلغان، كىيىن گۇۋاھلاتماي يېنىشىۋالغان ئىككىلا ھالەتتە سۈننەتكە خىلاپلىق قىلغان» دەپ جاۋاپ بېرىپ، ئۇنى تالاق قىلغىنىنى ۋە يىنىشىۋالغىنىنى گۇۋاھلىتىشقا، بۇنداق ئىشنى قايتا قىلماسلىقىقا بۇيرىغان

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/58149